ئون ئىككى مۇقام

十二木卡姆

ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى

維吾尔族民間古典音乐

ئون ئىككى مۇقام

十二木卡姆

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى
ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەرىپ
نوتىغا ئېلىپ رەتلەنگەن

新疆維吾尔自治区文化厅
十二木卡姆整理工作組
記譜整理

نوتىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى

乐譜上册

مىللەتلەر نەشرىياتى
音乐出版社

مۇزىكا نەشرىياتى
民族出版社

ئۇيغۇر خەلق كلاسسك مۇزىكىسى
ئون ئىككى مۇقام
نوتىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى

維吾尔族民間古典音乐

十 二 木 卡 姆

乐譜上册（1-6 木卡姆）

新疆維吾尔自治区文化厅十二木卡姆整理工作組記譜整理

音乐出版社　民族出版社联合出版

新华书店北京发行所发行

全国新华书店經售

*

787×1092毫米 16 开　28 1/4 印张　327 面乐譜

30,000 文字　3 頁插图

1960 年 2 月 北 京 第 1 版

1960 年 2 月北京第 1 次印刷

統一书号：8026·1231

印数：00,001-2,200 册　定价 8.70 元

كىرىش

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ توپلۇنۇشى، رەتلىنىشى ۋە تارىختا بىرىنچى قېتىم تولىغى بىلەن نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنى رېۋاجلاندۇرۇش ساھەسىدە چوڭ بىر ۋەقە. بۇ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يەنە بىر شانلىق ئۇتۇغى.

«ئون ئىككى مۇقام» ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەسىرلەر بويى جاپالىق، ئەمما كۆرەشچان تۇرمۇشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئىجات قىلغان زور بايلىغى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بايلىقدۇركى، ئۇ، كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئۇيغۇر مىللىي سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگىدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 كومپلېكت، بىر پۈتۈن مۇزىكا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆز ۋاختىدىكى جاپالىق تۇرمۇشلىرىدىن زارلايدۇ، زۇلۇملۇق زامانغا، زالىم ئەزگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇ، خەلقىنىڭ يالقۇنلۇق كۆرەشلىرىنى، ئۇلۇق ئارزۇلىرىنى ھەم مەردانە، ئوپتىمىستىك، شوخ ھاياتىنى كۈيلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ قىممەتلىك بەدىئي ژىغىندىسى دەپ ھېساپلاش كېرەك.

«ئون ئىككى مۇقام» نەشر قىلىندى. بۇ، كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئوبدان بىر ئىش. ئەمما، «ئون ئىككى مۇقام» ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىمىزنى بۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دىگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىشىنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. بىز «ئون ئىككى مۇقام» نى تېخىمۇ تولۇقلىشىمىز، رەتلىشىمىز، ئۇنىڭ باي مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە داۋاملىق رېۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بىز زامانىۋى يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەتنى رېۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى سوتسىيالىستىك تۇرمۇشىنى ۋە سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى قەتئىي يۆنۈلۈشىمىز. ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە غەلىبە بىلەن ئالغا بېسىۋاتقان ۋە ياشناۋاتقان يېڭى سوتسىيالىستىك تۇرمۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ باي

مەنبەسى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى رىۋاجلاندۇرۇشتا سوتسالىستىك ۋە كوممۇنىستىك مەزمۇن بولۇشى بىلەن، بۇ مەزمۇنغا مۇۋاپىق مىللىي شەكلىمۇ بولۇشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئوبدان مىللىي ئەنئەنىلىرى رىۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تېخىمۇ تەرەققى ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا توغرى ۋارىسلىق قىلىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. «ئون ئىككى مۇقام» بولسا، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىنىڭ ئەنئەنىلىرىدە ناھايىتى زور بايلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى مۇزىكىسىنى تەرەققى ئەتتۈرۈشتە «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرى ۋارىسلىق قىلىش چوڭ ئەھمىيەتلىك.

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتـچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىنى رەتلەش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىغا تېخىمۇ چوڭ ئۇتۇق تىلەيمەن.

سەيپىدىن ئەزىزى.

1959 ـ ژىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

序

优秀的維吾尔族古典音乐《十二木卡姆》的挖掘整理以及有史以来第一次完整的出版，是发展維吾尔族古典文学艺术事业上的一件大事，这是党的民族政策在文化战綫上又一显著的成就。

《十二木卡姆》是我們的祖先——維吾尔族劳动人民根据自己世世代代艰苦生活的斗爭經驗創造出来的巨大財富。其所以是財富，是因为它內容深广，几乎概括了維吾尔族所有的民族艺术形式，是一部完整的十二套音乐。《十二木卡姆》沉痛地訴出了劳动人民当时的辛酸的生活，憤懣地咀咒了黑暗的时代和残暴的压迫者，热情地歌頌了人民熾烈的斗爭和宏伟的理想以及勇敢、乐观的生活。因此，我們应当把《十二木卡姆》看作維吾尔族劳动人民概括过去生活經驗的艺术珍品。

《十二木卡姆》問世了，这是值得庆賀的一件好事。但这并不是說我們在《十二木卡姆》方面的整理研究工作可以結束了，应該看作这仅仅是一个开始。我們还必須进一步整理充实《十二木卡姆》，并且深入学习和不断发展它的內容和形式。

我們要継續努力发展现代的新的文学艺术，充分反映各族人民的社会主义新生活和人与人之間的社会主义的新关系，这是我們在文艺工作上的堅定不移的方針。各族劳动人民在伟大的中国共产党的領导下，胜利地发展着的社会主义新的生活实践，就是我們发展文学艺术的最丰富的源泉。发展各族人民现代的文学艺术要有社会主义和共产主义內容，同时也要有与此內容相适应的民族形式。各族人民表现在文学艺术上的优良的民族传統必須发扬，为此，深入发掘和正确地継承各族人民的古典文学艺术就具有重大的意义。《十二木卡姆》是維吾尔族民族音乐传統中的巨大財富，所以深入学习和正确地継承《十二木卡姆》的艺术成就，对发展維吾尔族的现代音乐也就具有重大意义。

値此《十二木卡姆》出版之际，特向文艺工作者表示热烈祝賀，并希望文艺工作者在整理研究古典文学艺术遺产方面取得更大的成就。

賽福鼎 1959年7月21日

«ئون ئىككى مۇقام» نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا نەگىلا بارسىڭىز «ئون ئىككى مۇقام» غەزەللىرىنىڭ جاراڭلىغان ئاھىڭىنى ئاڭلايسىز. بايرام، ھېيت ۋە باشقا تەنتەنە كۈنلىرى، ئادەمگە لىق توشقان بازارلاردا قوللىرىغا ساتار، تەمبۇر، دۇتار ۋە داپ تۇتقان ھەۋەسكارلارنىڭ «مۇقام» دىن ئېلىپ چالغان نەغمىلىرىگە قوشۇلۇپ جەۋلان قىلىپ ئۇسۇلغا چۈشۈۋاتقان خەلق دولقۇنىنى كۆرۈسىز. دېخانلارنىڭ ئومىنى ژىغىپ بولغاندىن كېيىن ئوينىغان ئويۇنلىرى ياكى توي-مەشرەپلىرى «مۇقام» سىز قىزىمايدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» خەلق تۇرمۇشى بىلەن مەھكەم باغلىنىپ، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن ئېلىپ كەلدى، شۇڭلاشقا كۆپچىلىك ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئىززەتلەپ «ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتايدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك ۋە كۈرەشچان ھاياتىدا مۇزىكا ساھەسىدىكى پاراسەتلىرىنى ئىشلىتىپ ئىجات قىلغان ئۇلۇق مۇزىكا بايلىقىدۇر. ئۇ، جانلىق مۇزىكا ئوبرازى ۋە مۇزىكا سوزلىرى بىلەن ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تارىختىكى قاراڭغۇ فېئودال ھوكۇمران كۈچلەرگە قارشى نەپرەت-غەزەپلىرىنى ۋە نۇرلۇق بەخت-سائادەت ئىزدەش يولىدىكى قىزغىن ئارزۇلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ، خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىلىك مىللىي مۇزىكا سەنئىتى شەكلى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكتىن، روشەن، جاراڭلىق خەلق ئاھاڭىغا ۋە قويۇق مىللىي ئۇسلۇپقا ئىگە بولدى.

«ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسى شەكلەن خىلمۇ-خىل بولۇش بىلەن بىللە، نەغمە ئاھاڭىمۇ ئىنتايىن باي. ئۇ، بىر تەرەپتىن، قېدىمقى كلاسسىك تەسۋىردىي غەزەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئارىسىدىكى قىزىق ئۇسۇل نەغمىلىرى ۋە شېئىرىيەت بەدئىيلىگى ئىنتايىن ياخشى بولغان ۋەقەلىك غەزەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ غەزەل ۋە نەغمىلەر تەمكىنلىك — ئاستىلىق — ئېچىلىش — قىزىق ھاياجانلىق — شوخلۇق كەيپىياتلىرىنى بىلدۈرۈدىغان تەرەققىيات تەرتىۋى بويىچە جانلىق ھالدا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، سىستېمىلىق، تۈزۈلۈشى ئاجايىپ پۇختا، بىر پۈتۈن چوڭ نەغمە

بولۇپ شەكىللەنگەن. پۈتۈن مۇقام ئون ئىككىگە بولۇنۇدۇ. ھەرقايسى مۇقام بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئاھاڭغا ئىگە. ئۇنىڭ ھەر بىرسى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپ بولۇپ 3 قىسىمغا بولۇنۇدۇ. پۈتۈن ئون ئىككى مۇقام 170 دىن ئارتۇق ئاھاڭنى ۋە 72 خىل نەغمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر باشتىن ئاياقىچە بىر قېتىم ئورۇنداپ ئوتۇلىدىغان بولسا، 20 سائەتتىن ئارتۇغراق ۋاخىت كېتىدۇ.

بۇ چوڭ مۇقام ئۆزىنىڭ ئەدەبىيۋى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن ياكى مۇكەممەل قۇرۇلۇش شەكلىدىن بولسۇن، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تالانتىنى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى كورسۇتۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مىللىي مۇزىكا مىراسلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

باشلانغۇچ قەدەمدە تەتقىق قىلىنغان ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك مۇزىكىنىڭ تۈزۈلۈش خۇسۇسىيەتلىرى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئۆزلۈكسىز ئىجات قىلىنىش ۋە خەلق ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئاھاڭلارنى، جۈملىدىن خەلق ئىچىدىكى شوخ ئۇسۇل ناخشىلىرىنى قوبۇل قىلىش،ئارقىلىق ئەسىرلەر داۋامىدا تولۇقلانغان ۋە بېيىغانلىقىنى ئوچۇق كورسۇتىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان «خوتەن سەنىمى» دەپ ئاتالغان سەنەم بىلەن «چەبىيات سەنىمى» نى سېلىشتۇرۇپ كورسەك، «مۇقام» نىڭ خەلق ئىچىدىكى مۇزىكا بىلەن قانچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى كورۇش مۇمكىن.

خوتەن سەنىمى (خوتەن 4-رايون دىخان سايىم ئاخۇن ئورۇندىغان)



چەبىياتنىڭ سەنىمى



ئۇن ئىككى مۇقام خەلق ئارىسىدىكى ئاھاڭلارنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى داۋاملىق تۇردە باشقا مىللەتلەرنىڭ ياخشى مۇزىكىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتقان.

«راك مۇقامىنىڭ تەزە مەرغۇلى ۋە تەكتى» ھەم «چەبىيات تەزىسى»دىكى بەزى ئاھاڭلاردا خەنسۇ مۇزىكىسىنىڭ ئۇسلۇپ ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى قويۇق كورۇنىدۇ. ئەنە شۇ ئاھاڭلاردىن خەنسۇ مۇزىكىسى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ بىر-بىرىگە نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەنلىكىنى روشەن كورگىلى بولىدۇ. ئۇ خەنسۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىنلا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە رىۋاجلاندۇرۇش ئىشىدا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مۇقامدىكى چوڭ نەغمە بىلەن داستان ۋە مەشرەپلەر يېقىنقى يۈز ژىل ئىچىدىلا بىر يەرگە توپلانغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن چوڭ نەغمىلەر ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر ۋەكىللىك قىلغان ھوكۇمران دائىرىلەرگىلا مەخسۇس ئىدى. داستان خەلق ئاممىسى ياخشى كورگەن بېيىتلەردىن بولۇپ، مەشرەپ بولسا ئاشىقلارنىڭ ئېيتىدىغان غەزەللىرى ئىدى. بۇنىڭدىن 80 نەچچە ژىل بۇرۇن قەشقەرلىق داڭلىق سەنئەتكار ھېلىم سېلىم خەلق ئىچىگە پارچە ھالدا تارقالغان داستان ۋە مەشرەپلەرنى ژىغىپ رەتلەپ چىقىپ، «ئون ئىككى مۇقام»غا قوشقاندىن كېيىن مۇقام بۇگۇنكى شەكىلگە كەلدى.

بەزى پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ دېيىشىچە تەخمىنەن يۈز ژىل ئىلگىرى سېيىتۋالدى دېگەن بىر كىشى «مۇقامنى» يەركەندىن خوتەن كىرىيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە خەلق ئىچىگە تارقالغان غەزەللەر بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، يەنە بەزى ئاھاڭلارنى ئىجات قىلىپ قوشۇپ، خوتەن ۋە چىرىيە قاتارلىق يەرلەرگە تارقاتقان. بۇ يەرلەردە ھەر بىر مۇقامنىڭ يالغۇز چوڭ نەغمىسىلا ئىبارەت كونا بىر شەكلى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ھەر بىر مۇقامنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

نەغمىنىڭ ئىسمى	تاكتى	داپنىڭ رىتمى
مۇقامنىڭ باشلىنىشى		
تەزە	$\frac{3}{4}$	
تەزىنىڭ مەرغۇلى	$\frac{3}{4}$	
چوڭ نۇسخە	$\frac{4}{4}\frac{5}{4}\frac{4}{4}$	
چوڭ نۇسخىنىڭ مەرغۇلى	$\frac{4}{4}\frac{5}{4}\frac{4}{4}$	
ياكى چوڭ نۇسخە	$\frac{5}{4}$	
سەنەم	$\frac{2}{4}$	
سەنەمنىڭ مەرغۇلى	$\frac{2}{4}$	
سەلىقە	$\frac{5}{8}$ (ئېيتىلىش نېتىجىسى $2\frac{1}{2}$ تاكت)	
سەلىقىنىڭ مەرغۇلى	$\frac{5}{8}$	
پەشرۇ	$\frac{2}{4}$	
پەشرۇنىڭ مەرغۇلى	$\frac{2}{4}$	
تەكتى	$\frac{3}{8}$	

خوتەندە تارقالغان «مۇقام» مەزمۇن جەھەتتىن قەشقەر ۋە يەركەندىكىدەك باي ئەمەس. ئېيتىلىش ئۇسلۇبىمۇ قەشقەر بىلەن يەركەندىكىدەك سىلىق ۋە يېقىملىق ئەمەس.

تەخمىنەن 1883 ـ يىلى مۇھەممەت دېگەن كىشى «مۇقام»نى قەشقەردىن ئېلىپ باردى. مۇقامنىڭ داستانى ئەلمدا بىر قەدەر ئىشلەنگەندىن كېيىن ئاھاڭ تەرەپتىن تېخىمۇ زىلىنچاق، ئۇسلۇپ تەرەپتىن تېخىمۇ شوخ بولدى. ئەمما چوڭ نەغ ـ

مىلەر ئەسلىدىنلا بىر ئاز مۇرەككەپ ۋە ئېغىر بولغانلىقتىن كۆپ جايلىرى بارا ـ بارا يوقاپ كەتتى.

بۇ جايلاردىكى «مۇقام»لارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئالاھىدىلىكى بولغاندەك، شەكىل ۋە ئاھاڭ تەرەپتىن ئاز تولا پەرقى بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى بىر تۈرگە كىرىدۇ.

تارىم چۆلىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرىغا جايلاشقان مەركىت، مارالبېشى، كورلا ۋە چارقىلىقتا «دولان مۇقامى» («دولان سەنىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتالغان يەنە بىرخىل «مۇقام» ساقلانماقتا، بۇ مۇقام ئاھاڭ تۈزۈلۈشى ساددىراق بولسىمۇ، ئېيتقاندا مەردانە ۋە جاراڭلىق بولۇپ، قويۇق يايلاق ھاياتىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ مۇقامنىڭ ھازىر ئاران 8 ـ 9 ىلا تېپىلىدى؛ ئۇنىڭدا ھەر بىر مۇقام بەش خىل نەغمىدىن تەركىپ تاپىدۇ:

دافنىڭ رىتمى	تاكتى	نەغمىنىڭ ئىسمى
	مۇقامنىڭ باشلىنىشى تارقاق تاكتلىق	
	$\frac{3}{4}$	چەكمە
	$\frac{2}{4}$	سەنەم
	$\frac{2}{4}$	سەلىقە
	$\frac{2}{4}$	سەلەرمەن

«مۇقام» تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا تارقىلىش داۋامىدا جايلارنىڭ جۇغراپىي شارائىتىغا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي ھالەتلىرىگە قاراپ، ئىجرا قىلىنىش جەھەتتە جايلارنىڭ خاراكتېرىغا مۇۋاپىق ستىل ۋە خۇسۇسىيەت ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئاھىڭى ۋە ئىجرا قىلىنىش ستىلىنى يوقاتمىغان. «ئون ئىككى مۇقام» خەلق ئىچىدە ئېغىزچە تارقىلىپ ژۇرگەن بولغاشقا، شۇنداقلا ئەسىرلەر بويى فېودال كۈچلەرنىڭ ۋەيران قىلىشى ئارقىسىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى بىلىدىغان ئادەملەر كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىشقا باشلىدى. شىنجاڭ ئازات بولۇشنىڭ ئەرىپىسىدە «ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇغراق بىلىدىغان ئىككى ـ ئۈچلا پېشقەدەم سەنئەتچى قالغان ئىدى.

شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن «ئون ئىككى مۇقام»نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پارتىيە ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئاجرىتىپ ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىن

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

جاڭدىكى داڭلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن بولغان تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر قاتارلىق كىشىلەرنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، ئاۋازغا ۋە نوتىغا ئېلىش، رەتلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا پېشقەدەم سەنئەتكارلىرىمىز زور ھەسسە قوشتى. يوقۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالغان بۇ مۇزىكا مىراسىمىزنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنىشى پارتىيىنىڭ مىللىي سەنئەتكە قانچىلىك ئېتىۋار بەرگەنلىكى ۋە ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

بىرنەچچە ژىل مابەينىدە «ئون ئىككى مۇقام» مىسلىسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ بۇرۇنقىدەك ئازسانلىق ئادەملەرگىلا خاس ئەمەس، ھازىر سەھنىدە، رادىئودا «مۇقام» نىڭ داڭلىق سەنئەتچىلەر تەرىپىدىن ئورۇنلانغان گۈزەل ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ھەممە كىشى تەڭ ئىگە. مۇقام ھەۋەسكارلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە؛ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا ۋە خوتەندە ھەتتا كىرىيىنىڭ خېلى چېتىگە جايلاشقان يېزىلاردا كۆپلىگەن ياش ھەۋەسكارلار پېشقەدەم سەنئەتكارلاردىن بۇ مۇزىكا مىراسلىرىنى ئۆگەنمەكتە.

كىشىنى تېخىمۇ خوشال قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ھازىر خەلق ئىچىدە ۋە سەھنىدە «مۇقام» دىكى نەغمىلەردىن ئۆزگەرتىلگەن ئۇمۇمىي ساز، قوشۇلۇپ ئېيتىش، ئۇمۇمىي خور، ئۇسۇل ناخشىلىرىدەك يېڭى ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا، بۇ خىل ئەسەرلەر شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى بەختىيار تۇرمۇشىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەتەنگە، پارتىيىگە ۋە داھىيغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. راكىنىڭ مەشرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن «راك ئانسامبىلى» بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ، شۇنىڭدەك ھازىر پۈتۈن مەملىكەتكە تارىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىگە بولدى.

بۇ يېڭى تەرەققىياتلار پارتىيىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت يونۇلۇشىنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە خەلق ئىچىدىكى مىللىي مۇزىكا مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇندىن كېيىن بۇ باي مىللىي مۇزىكا ئەسەرلىرىدىن، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ روھىي قىياپىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلق تەرىپىدىن تېخىمۇ سۆيۈپ قەدىرلىنىدىغان تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئەجايىپ ئەسەرلەر يارىتىلغۇسى.

ئون ئىككى مۇقامدىكى بېيىتلەرنىڭ مەزمۇنى

«مۇقام» دىكى غەزەللەرنىڭ مەزمۇنى ئادەتتىكى مۇزىكىلىق سەھنە ئەسەر-

لىرىدىكىدەك بىر تۇتاش بولماي، بەلكى بىر مۇنچە بىر ـ بىرى بىلەن باغلانمىغان پارچە شېئىر ۋە غەزەللەردىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك بۇ بېيىت ياكى شېئىرلار ھەر دائىم بىردەك بولمايدۇ. ئوخشاش بىر ئاھاڭدا بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بېيىتلەرنى قوللۇنۇش مۇمكىن. بۇ غەزەللەرنى ئورۇندىغان سەنئەتكار ئۇچۇن بۇ غەزەللەرنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى (بوغۇمى) ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقان ئاھاڭىغا توغرى كەلسىلا بولدى، مەزمۇن جەھەتتىن ئانچە قاتتىق تەلەپ قويۇلمايدۇ.

مۇقامدىكى بېيىتلەرنىڭ بەزىلىرى فۇزۇلى، سۇبۇرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان شائىرلىرىدىن موللا بىلال ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان، كۆپرەگى ناۋايىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان.

تۆۋەندە بىز ناۋايى شېئىرلىرىدىن بىر پارچىنى كەلتۈرىمىز. بۇ شېئىر ئۇنىڭ بەخت سائادەتكە بولغان مۇھەببىتىنى، قاراڭغۇلۇق ۋە جاھالەتكە نەپرەت سەزگۈلىرىنى كۈچلۈك تۇيغۇلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئىشقى سىرىن ھىجر ئەسرى ناتاۋانلاردىن سوراڭ،
ئەيش ئىلەن ئىشرەت تەرىقىن كامرانلاردىن سوراڭ.
بىزگە جۇز مېھرى ۋاپا ئايىنى بولمايدۇ نەسىپ،
بىۋاپالىق رەسمىنى نامېھرىبانلاردىن سوراڭ.
بىزنى دەۋران مېھنىتى ھەم ئاجىز ئەتتى ھەم قېرى،
ھوسنىلە قۇۋۋەتنى رەنان ۋە جۇۋانلاردىن سوراڭ.
پەردىلىق زەۋقىنى سورماڭ شەۋكىتى جاھ ئەھلىدىن،
ئول سەئۇبەت لەززەتىن بى خانىمانلاردىن سوراڭ.
ئەجرى تۇپراغىدا ئىشق ئەھلىگە ئۆلمەك ھوكمى بار،
قەتلى ھوكمى ئەيلىمەكنى قەھرىمانلاردىن سوراڭ.
نىكى نام ئەل ئىشقى ئارا بەد نامىلىقلار شىۋەسىن،
ياخشى بىلمەسلەر ئېنى بىزدەك يامانلاردىن سوراڭ.
چۇن ناۋايى ئىشقى سەھراسىدا ياتتى دوسلار،
ئېنى ئول ياقتىن يېتىشكەن كارۋانلاردىن سوراڭ.

— راك مۇقامىنىڭ باشلىنىشىدىن

مۇقامدىكى سەنەم ۋە چوڭ سەلىقىگە ئوخشاش نەغمىلەرنىڭ بېيىتلىرىدىن بەزىلىرى خەلق ناخشىلىرىدىن ئېلىنغان. بۇ خىل ناخشىلار ئەلۋەتتە كلاسسىك شېئىرلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ناخشىلارنىڭ مەزمۇنى ساددە ۋە ئوچۇق بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تۇيغۇلىرىنى ئوچۇق قىلىپ كورسىتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى ناخشا خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ۋەتىنىمنىڭ سازىمەن،
چولدە ئۇچقان غازىمەن،
مۇرادىمغا يەتمىسەم،
ئولگىنىمگە رازىمەن.

ئىشىك ئالدى ھەر تاللار،
شاخ شاخىدا ماجانلار،
بىزنى دېگەن يارانلار
ھەر كوچىدا ۋەيرانلار.
— راكىنىڭ چوڭ سەلقىسى

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تاشىنى،
دەرت كەلگەندە تۇتۇپ بولماس كوزنىڭ ياشىنى.

قارچىغامنى قۇشلاتمىغان تاغلار قالمىدى،
يارىم بىلەن ئوينىمىغان باغلار قالمىدى.

ئورگۈلگىچە چورگۈلگىچە ژىللار ئورۇلدى،
ژۇرەكتىكى سېرىق سۇ قانغا ئورۇلدى..
— پەنجىگاھنىڭ سەنىمى

داستاندىكى پوئېمىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان گوزەل ھىكايىلارنى سىيۇژېت قىلىپ ئېلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە ئاممىباپ قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ھازىرقى ۋاختىتا خەلق ئىچىدە ھەر بىر گۇڭشېدە دېگىدەك بۇ پوئېمىلارنى ياتقا بىلىدىغان غەزەلچىلەردىن بىر نەچچىسى تېپىلىدۇ. بۇ غەزەلچىلەر بۇنداق پوئېمىلارنى دۇتار، تەمبۇرگە تەڭكەش قىلىغان ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەندە ئامما ناھايىتى زەۋق بىلەن ئاڭلايدۇ.

مۇقامغا ئوخشاش بىر چوڭ ئەسەردىكى داستانلار خېلى تولۇق بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ئەپسۇسكى مۇقامدىكى داستانلار دېگەندەك تولۇق ئەمەس. تۇۋەندە بۇلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئوتىمىز.

مۇشاۋىرەكنىڭ داستانىدا غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ قىسسىسى ھەققىدە ئىككى پوئېما بار. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ ھىكايىسى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا يېقىن شەرقتىكى كوپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ ئەركىنلىك ۋە بەختلىك

مۇش ئۇچۇن فېودالىزمنىڭ قەھرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىق ۋە سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. تۇۋەندە غېرىپنىڭ پادىشا سارىيىدا باغۋەنگە شاگىرت بولۇپ كىرىپ، سەنەمنى سېغىنىپ ئېيتقان ناخشىسىنى كەلتۈرىمىز:

باغۋەن بولۇپ باغنىڭ ئىچرە، تەرسەم تازا گۈللەرىڭدىن،
ئېگەم سېنى خوش يارىتىمىش، ئەگسەم نازۇك بەللەرىڭدىن،
مېنى سورساڭ ئۇشبۇ ھالدا، رەڭگىم سېرىق، كوزۇم يولدا،
ئاق يۈزۈڭگە تۇتما پەردە، تەرخىمنەلى قوللارىڭدىن.
ياڭاغنىڭ مىسلى لالەدۇر، قاراشنىڭ جاننى ئالادۇر،
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر، قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭنى.
غېرىپ ئاشىق بولدۇم پېقىر، يار يولىدا بولدۇم ھېقىر،
مېڭىپ ژۇرۇپ ئەرزىم ئوقۇر، دۇئا ئىچرە باللارىڭدىن.

— مۇشاۋىرەكىنىڭ 2 ـ داستانى

غېرىپنى شاھ ئاباباس باغداتقا پالىغانىدا، ئۇنىڭ سەنەم بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئېيتقان ناخشىسى:

س: مۇندىن كېتەر بولساڭ باغدات شەھرىگە،
يارىم سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم؛
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غ: مېنى كەتتى دىبان مالال بولمىغىن،
كوپ ژىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلەرمەن،
قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ ھەرگىز سولمىغىن،
ئامان بولسام سەنەمجان كەتسەم كېلەرمەن.

س: ژىغلىماي مەن نەيلەيىن كوڭلۈم بۇزۇلدى،
مۇھەببەتنىڭ رىشتىسى جاندىن ئۈزۈلدى،
پېشانەمگە شۇنداق قىسمەت يېزىلدى،
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غ: مېنى كەتتىدەپ يارىم بولما سەرگەردان،
بىر قىيانە بېقىشىڭ دەرددىمگە دەرمان،
ئامان ئىسەن بولسام تەندە ھايات جان،
كوپ ژىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلەرمەن.

ئامان ئىسەن بولسام تەندە هايات جان،
كۆپ ژىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلەرمەن،
كۆپ ژىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلەرمەن.

— چارىگاھنىڭ 1 ـ داستانى

مۇقامدىكى داستانلاردىن يەنە بىرى خۇسرۇۋ پادىشانىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ: خۇسرۇۋ پادىشا بىركۈنى چۈشىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇش كۆرۈدۇ. بۇ قۇشنى كۆرگەندىن كېيىن كېچە ـ كۈندۈز كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەي شۇ قۇشنى ئويلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى دادىسى ئۈچۈن بۇ قۇشنى تۇتۇپ كېلىشكە بەل باغلاپ يولغا چىقىدۇ. ئىككى چوڭ بالىسى راھەت ۋە ئوڭاي يولغا كىرىپ، ئويۇن تاماشاغا بېرىلىپ، قۇشنى تېپىش بۇياقتا تۇرسۇن، بار ـ يوقىدىن ئايرىلىپ، دىۋانە سەرگەردان بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما كىچىك ئوغلى ھەمرا نۇرغۇن جاپا مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇلبۇل گويا دەپ ئاتالغان بايىقى قۇشنى تاپىدۇ ۋە شۇ قۇشنىڭ ئىگىسى بولغان دولەتنىڭ مەلىكىسى ھورلىقا دېگەن قىزغا ئويلىنىدۇ. ھەمرا ھورلىقا بىلەن بۇلبۇل گويانى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، يولدا ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇپ ئالىدۇ. ئەمما ئاكىلىرى ھەمرادىن قۇش بىلەن مەلىكىنى تارتىپ ئېلىشنى قەست قىلىپ، ھەمرانىڭ كۆزىنى ئويۇپ، ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ، ھۆرلىقا بىلەن بۇلبۇل گويانى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ. دادىسىنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن گوزەل مەلىكە بىلەن قۇش ھەمرانىڭ ئاكىلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، ھەمرانى قۇتقۇزۇپ ئالىدۇ ۋە بايىقى گوزەل قۇش ھەمرانىڭ كۆزىنى ساقايتىدۇ. ھەمرا قۇدۇقتا تۇرۇپ توۋەندىكى بېيىتنى ئېيتىدۇ.

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ زالىم ئاغىلار،
ھەرنە كۆرگىنىڭنى بايان دېگەيسەن؛
يالغۇز ھەمرا قالدى چاھنىڭ ئىچىدە،
ئۆلگىنىم يوق ئىسەن ئامان دېگەيسەن.

نى يامان سەۋداغە قېلىپدۇر باشىم،
يېگىنىم ئىچكىنىم زەھەردۇر ئاشىم،
كۆزۈمنى ئويۇپ چاھتا سالدى قەرداشىم،
يولداشلىرى ژىلان، چايان دېگەيسەن.

بىزنىڭ ئۈچۈن ھىممەت كەمەر باغلىغان،
پىراغىدا سىنەلىرىن داغلىغان،

كەلمىدى دەپ يولغا قاراپ ژىغلىغان،
شاھ خۇسرەۋ ئاتامغا سالام دېگەيسەن.

توققۇز ئاي توققۇز كۈن قوساق كوتەرگەن،
تەربىيلەپ كامالىمغا يەتكۈزگەن،
كېچىلەردە ئويغۇنۇپ ئاق سۈت ئەمگۈزگەن،
ئول مېھرىبان ئانامغا سالام دېگەيسەن.

ژۇرىگىمدىن كەتمەس ھەرگىز بۇراغى،
يۇرتۇمغا يەتمەيىن ئۆچتى چىراغى،
بۇگۈن ھەمرالاردىن كەتمەس سوراغى،
گۈل جەملە سىڭلىمگە سالام دېگەيسەن.

ئوتتى ياقۇپ ئوغلى داغدا ژۇرىگى،
كوزى ئويۇلغان بىلەن يوقتۇر كېرىگى،
ئاخىر دەمدە ھەمراجاننىڭ تىلىگى،
ھەقدىن سورار گەۋھەرى ئىمان دىگەيسەن.

—راكنىڭ 2— داستانى

مۇقامنىڭ بېيىتلىرى مەزمۇنغا باي ۋە خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۇنىڭ زور كوپچىلىگى ئەل ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە مەزمۇندا مەسىلە بولغان، قويۇق ئۇمىتسىزلىك، تەركىي دۇنيالىق تۇيغۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئايرىم بېيىت ۋە شېئىرلارمۇ بار. بۇ بېيىت ۋە شېئىرلار دەۋر روھىنىڭ قالاق تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇقامدا ساغلام بولمىغان، ھەتتا ئەكسىيەتچى مەزمۇنلارنىڭ بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ھال ئەمەس. تارىختا فېودال ھوكۈمران سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئوز ئىرادىلىرى ۋە ئارزۇلىرىغا بويسۇندۇرۇپ ئوزگەرتكەن ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرۇدىغان بىر ھالدۇر؛ ئەمما بۇ ھال مۇقام مۇزىكىسىنىڭ روشەن خەلقچىللىغىنى يوققا چىقىرالمايدۇ.

ئون ئىككى مۇقامدىكى بىر قانچە مۇزىكا مەسىلىلىرى

ژانىر ۋە مۇزىكا فورمىسى: «ئون ئىككى مۇقام» تەسۋىرىي غەزەللەر، ۋەقەلىك غەزەللەر، ئۇسۇل ناخشىلىرى ۋە ھەر خىل ژانىر ۋە مەزمۇنلۇق چوڭ نەغمىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ ۋە ئون ئىككىگە بولۇنىدۇ. 1 — راك؛ 2 — چەبىيات؛ 3 — مۇشاۋرەك؛ 4— چارىگاھ؛ 5. پەنجىگاھ؛ 6— ئوزال؛ 7— ئەجەم؛ 8— ئوششاق؛ 9— بايات؛ 10— ناۋا؛ 11 — سىگاھ؛ 12 — ئىراق. ھەر بىر مۇقام ئۈچ قىسىمدىن قۇرالغان:

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com